# 202017 - «ئى ئاللاھ بىزگە رەجەپ ۋە شەئبان ئايلىرىدا بەرىكەت بەرگىن، بىزنى رامىزان ئېيىغا يەتكۈزگىن» دېگەن ھەدىس، زەئىپتۇر.

## سۇئال

رەجەپ ئېيىنىڭ تۇنجى كېچىسى ئوقۇيدىغان: **«ئى ئاللاھ بىزگە رەجەپ ۋە شەئبان ئايلىرىدا بەرىكەت بەرگىن، بىزنى رامىزان ئېيىغا يەتكۈزگىن»** دېگەندەك دۇئالارنى ئوقۇش سۈننەتمۇ؟. بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى سەھىھ ھەدىسلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىدىغانلاردىن قىلغاي!.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: رەجەپ ئېيىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىس يوق. بۇ مەسىلىنى تەپسىلى چۈشىنىش ئۈچۈن (75394) - نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەن: "رەجەپ ئېيىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا سەھىھ ھەدىس يوق. رەجەپ ئېيى ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن جىمادىۇل ئاخىر ئېيىدىنمۇ ھېچ پەرقى يوق، لېكىن رەجەپ ئېيى پەقەت ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئايدا مەخسۇس ناماز ئوقۇش ياكى روزا تۇتۇش، ئۆمرى ھەج قىلىش پائالىيەتلىرى يولغا قويۇلمىغان، بەلكى بۇ ئايمۇ باشقا ئايلارغا ئوخشاش بىر ئايدۇر". [ئەركىن ئۇچرىشىش ناملىق پىروگراممىسىدىن (17426) ئېلىندى].

ئىككىنچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئىمام ئەھمەد "زەۋائىد ئەلمۇسنەد ناملىق ئەسىرى 2346- ھەدىستە، تەبرانىي "ئەلئەۋسەت ناملىق ئەسىرى 3939-ھەدىستە، بەيھەقىي "ئەششۇئەب" ناملىق ئەسىرى 3534-ھەدىستە، ئەبۇ نۇئەيم "ئەلھىليە" ناملىق ئەسىرى 6-توم269- بەتتە، زائىدە ئىبنى ئەبى رۇقادتىن، ئۇ كىشى زىياد ئەننۇمەيرىدىن، ئۇ كىشى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە،رەجەپ ئېيى كىرگەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **««ئى ئاللاھ بىزگە رەجەپ ۋە شەئبان ئايلىرىدا بەرىكەت بەرگىن، بىزنى رامىزان ئېيىغا يەتكۈزگىن»د»**ەيتتى.دەپ بايان قىلىنغان.

بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ئاجىز، چۈنكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلاردىن: زىياد ئەننۇمەيرى ئاجىز راۋى بولۇپ، ئىبنى مەئىين رەھىمەھۇللاھ ئۇنى ئاجىز راۋى دېگەن. ئەبۇ ھاتىم: ئۇ ھۆججەتلىككە يارىمايدۇ، دېگەن. ئىبنى ھىببان ئۇ كىشىنى ئاجىز راۋىلاردىن دەپ قاراپ، ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ھۆججەت بولالمايدۇ، دېگەن. ["مىيزانۇل ئىئتىدال" ناملىق ئەسەر 2-توم91-بەت].

زانىدە ئىبنى ئەبى رۇقاد بولسازىيادىتىنمۇ بەكرەك ئاجىز بولۇپ، ئىبنى ھىببان: زانىدە ئىبنى ئەبى رۇقاد زىياد ئەننۇمەيرىيدىن، ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنپەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلگەن مۇنكەر ھەدىسلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ زانىدەنىڭ ئىشىمۇ ياكى زىيادنىڭ ئىشىمۇ بىلمەيمىز، دەيدۇ.

ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ زانىدە ئىبنى ئەبى رۇقاد بايان قىلغان مەزكۇر ھەدىس ئىنكار قىلىنىدۇ، يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ قارىغان. ئىمام نەسەئىمۇ شۇنداق قارىغان.

"ئەلكۈننى" ناملىق ئەسەردە زانىدە ئىبنى ئەبى رۇقادنى ئىشەنچلىك ئەمەس دەپ بايان قىلىنغان.

ئىبنى ھىببان: زانىدە ئىبنى ئەبى رۇقاد مەشھۇر كىشىلەردىن مۇنكەر ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ھۆججەتلىككە يارىمايدۇ، ئۇنىڭدىن بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر پەقەت نەزەر سېلىش ئۈچۈنلا يېزىلىدۇ، دېگەن.

ئىبنى ئۇدەي: زانىدە ئىبنى ئەبى رۇقادتىن مەقدەمى ۋە باشقىلار يالغۇز ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بەزى ھەدىسلىرى ئىنكار قىلىنمايدۇ، دېگەن. ["تەھزىب ئەتتەھزىيب" ناملىق ئەسەر 3-توم305-306-بەت].

بۇ ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ "ئەلئەزكار"ناملىق ئەسىرىنىڭ 189-بېتىدە، ئىبنى رەجەپ رەھمەھۇللاھ "لەتائىپۇل مائارىپ" ناملىق ئەسىرىنىڭ 121-بېتىدە، شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ "زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمە" ناملىق ئەسىرى 4395-ھەدىستە زەئىپ دەپ بېكىتكەن.

ئىمام ئەلھەيسەمى: "بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان، ئىسنادىدا زانىدە ئىبنى ئەبى رۇقاد دېگەن راۋىي بار، ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ بۇ راۋىنىڭ مەزكۇر ھەدىسنى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېگەن. بىر بۆلەك ئالىملار ئۇ راۋىنى جاھىل دەپ قارىغان".["مەجمۇئ ئەلزەۋائىد" ناملىق ئەسەر 2-توم165-بەت].

بۇ ھەدىس زەئىپ بولۇش بىلەن بىرگە، مەزكۇر ھەدىستە رەجەپ ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى كېچىسى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ دېيىلمىگەن.بەلكى ئۇ رەجەب ئېيىدا مۇتلەق بەرىكەت تەلەپ قىلىدىغان دۇئا بولۇپ، بۇنى رەجەپ ئېيىدا ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايلاردا قىلىسىمۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچى: مۇسۇلمانىنىڭ ئۆز رەبىبىدىن رامىزان ئېيىغا يەتكۈزۈشنى سوراپ دۇئا قىلىشى خاتا ئەمەس.

ھاپىز ئىبنى رەجەپ رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەئلا ئىبنى پەزلى: سەلەپ ئالىملىرى ئالتە ئاي ئاللاھ تائالادىن رامىزانغا يەتكۈزۈشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى،يەنە ئالتە ئاي رامىزاندا قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولىشىنى تىلەپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلاتتى دەيدۇ". يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: "سەلەپ ئالىملىرى:

ئى ئاللاھ! بىزنى رامزان ئايغىچە سالامەت قىلسىلا، بىزنى رامزان ئېيىدا سالامەت قىلسىلا، رامزانلىق ئەمەل-ئىبادەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلسىلادەپ دۇئا قىلاتتى." [لەتائىپۇل مائارىپ" ناملىق ئەسەر 148-بەت].

شەيخ ئابدۇلكىرىم ئەلخۇدەيردىن (ئاللاھ ئۇ كىشىنى سالامەت قىلسۇن): «**«ئى ئاللاھ! بىزگە رەجەپ ۋە شەئبان ئايلىرىدا بەرىكەت بەرگىن، بىزنى رامزان ئېيىغا يەتكۈزگىن»**» دېگەن ھەدىس سەھىھمۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: "بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەس، لېكىن مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۆزىنى رامزان ئېيىغا يەتكۈزۈشنى تىلەپ، رامزاندا روزا تۇتۇشقا، كېچىسى قىيامدا تۇرۇشقا شۇنداقلا قەدىر كېچىسنى تېپىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلسا توغرا بولىدۇ"، دېگەن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.

مۇپتى: پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى